# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەم ئىقتىساد، خەلق تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاشقى مۇھىتنى ياخشىلاش، يۇقۇمغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلىمىزدىن خۇشال بولدۇق.

چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيى چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش بولۇپ، كەلگۈسى بىر مەزگىلدە چاۋشيەننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلىشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى غەلىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

جۇڭگو - چاۋشيەن ئىككى دۆلەت تاغ - دەريالىرى تۇتاش دوستانە قوشنا دۆلەتلەر، ئىككى پارتىيە ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان دوستانە ئالاقىدىكى ئېسىل ئەنئەنە ساقلىنىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىكى ۋە ئۆزى تۈرتكە بولۇشى ئاستىدا، جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىدە يېڭى تارىخ سەھىپىسى ئېچىلدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم ئورتاق تونۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى ياخشى قوغداپ، ياخشى مۇستەھكەملەپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولىدىغان، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىدىغان سەگەك كاللىنى مەڭگۈ ساقلاپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش چىدامچانلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشى، مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇلىدىغان ئالاقىدار دوكلات ۋە ھۆججەتلەر قاراپ چىقىلدى؛ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «قورغاسنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ۋە مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، جەمئىيەت قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىپ، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىپ، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان «خۇڭسەن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلەتى» مۇلازىمەت تۈرىدە 9 مىليون يۈەنگە يېقىن نەقلەشتۈرۈلدى. بىلەتنى تولۇقلىمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ ئۆزى تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلى بىۋاسىتە مەبلەغ تارقىتىش بولماستىن، بەلكى تەمىنلىگۈچى بىلەن ئېھتىياجلىق بولغۇچى ئىككى تەرەپنى ئۇدۇللاشتۇرىدىغان سۇپا ۋە تاللاش بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەپ، بۇ ئارقىلىق ئوچۇق، ھەمبەھرە، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىدۇ، بۇ دەل يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجلىق بولغان جەمئىيەت ئاساسى.

«دۆلەت بويىچە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر» بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرى بۇ پۇلنى ئەرزىگۈدەك خەجلىدى، تېخىمۇ قالتىس خەجلىدى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ۋە ئىجادكارلار كوللېكتىپىنىڭ تەرەققىياتىنى مەبلەغ بىلەن قوللاپلا قالماي، يەنە «يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش»نى قوللاش ئۈچۈن قويۇق جەمئىيەت كەيپىياتى ياراتتى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، يېڭىلىق يارىتىش كارخانىلىرى بىلەن مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى تېخىمۇ كۆپ جانلىق تاللاش ۋە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۇچقۇنلىرى مۇۋاپىق بولغان «كۆيۈشكە ياردەم بەرگۈچى ماددا» ئۈستىگە چۈشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن تېزدىن بىر كۈچلۈك يالقۇن كۆتۈرۈلدى.

(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

---

ئىشنى ياخشى باشلايلى  قەدەمنى ياخشى ئالايلى

### كاچكۇلگە چۈشۈپ جان پىدالىق بىلەن ئادەم قۇتقۇزدى   مەردانىلىك ناخشىسى كۆكنى لەرزىگە سالدى

## «پامىر بۈركۈتى» لاچىن بايئەكە بىلەن ياش تۆكۈپ خوشلىشىش

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **يۇ جياڭيەن، ۋاڭ جىڭجىڭ، جۇڭ جاۋفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: كاچكۇلگە سەكرەپ چۈشۈپ جان پىدالىق بىلەن ئادەم قۇتقۇزغان لاچىن بايئەكەنىڭ ھاياتى 41 يېشىدا توختاپ قالدى!

پامىر ئېگىزلىكىدە چېگرانى قوغداۋاتقان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر، يۇرتىدىكى يۇرتداشلار، لاچىن بايئەكەنى تونۇيدىغان ھەربىر كىشىنىڭ ھەممىسى «بۇ ئۆمرۈمدە ئىزچىل ھەربىي فورما كىيىمەيدىغان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى بولىمەن» دەيدىغان بۇ چېگرا قوغدىغۇچىسىنىڭ، يىل بويى «ھالاكەت جىلغىسى» تاغ ئېغىزىنى چارلايدىغان بۇ «پامىر بۈركۈتى»نىڭ ئۆزلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتە، قەشقەر داشۆدە تەربىيەلىنىۋاتقان لاچىن بايئەكە ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كېتىپ بارغاندا بىرەيلەننىڭ تۇيۇقسىز «بالىنى قۇتقۇزايلى!» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر بالىنىڭ شىنجۈەنخۇ كۆلىدىكى كاچكۇلگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ مۇز يۈزىگە دەسسەپ تۇرۇپ بالىنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، مۇز يېرىلىپ، لاچىن بايئەكە مۇزلۇق كۆلگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنى ئېگىز كۆتۈردى. خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن كىشىلەر قۇتقۇزۇشقا بەس - بەستە قاتناشتى، بالا ئوڭۇشلۇق قۇتقۇزۇۋېلىندى، بىراق لاچىن بايئەكە سۇدىن چىقالمىدى.

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ تىزناپ يېزىسى تىزناپ كەنتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ماتەم مۇراسىمىدا، لاچىن بايئەكەنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى لادىن لاچىن دادىسىنىڭ سۈرىتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يىغلىغىنىچە «دادام كېتىپ قالدى، مەن بار، چوڭ بولغاندا دادامغا ئوخشاش چېگرا قوغدىغۇچىسى بولىمەن» دېدى.

لاچىن بايئەكەنىڭ بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى فاتىمە قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئاچقۇچلۇق پەيتتە، لاچىن بايئەكە قىلچە ئىككىلەنمەي كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ ئادەم قۇتقۇزدى، ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز!» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى شۈ تاۋ ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: «لاچىن بايئەكە ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل. بىز ئۆمۈرلۈك ياخشى ئاكا - ئۇكا، قەھرىمان كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!»

لاچىن بايئەكە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەتلىك ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ ھەممىسى چېگرا قوغدىغۇچىسى بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدە كۆچ ئۇلاپ چېگرا رايوننى قوغداپ كەلگەن، چېگرانى قوغداش ھاياتىدا ئۇ ئۇچرىغان جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك ئەھۋاللار ساناپ تۈگەتكۈسىز، ئەمما ئۇ چېكىنىش ۋە ۋاز كېچىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان. قارلىق تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھەربىر تاغ ئېغىزىدا، جىلغىلاردا ئۇنىڭ چېگرانى چارلاش سىيماسى قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پارتىيە ۋە ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. لاچىن بايئەكەنىڭ ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇچۇر ئۇ ئۆزى يازغان «نەنخۇ» ناملىق شېئىر ئىدى:

پامىر ئېگىزلىكىنى يورۇتتى نەنخۇنىڭ
قىزىل نۇرى،
تاڭ نۇرىدا جىلۋىلەندى بوۋام كەلدىبېكنىڭ تەبەسسۇمى...
چېگرا چارلاش ئىدى ئۇنىڭ باش
تارتماس مەسئۇلىيىتى،
بىز ئۈچۈن نۇرلۇق چىراغ بوۋامنىڭ
بۇ خىل روھى...

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، سۇدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان بالا ئېغىر كېسەللىكلەر كېسەلخانىسىدىن ئادەتتىكى كېسەلخانىغا يۆتكەلدى، بالىنىڭ دادىسى لىۇ فافۇ مۇنداق دېدى: «بالام دوختۇرخانىدىن چىققاندا ئۇنى ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان شەپقەتچىسىنى يوقلاشقا ئاپىرىمەن، بالامغا ئىككىنچى ھاياتىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلاشنى ئېيتىمەن».

سكانېرلاپ ئالاقىدار خەۋەرنى كۆرۈڭ

---

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككى ناھىيە، شەھەر دۆلەت دەرىجىلىك ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرگەن ناھىيە(رايون)لەر تىزىملىكىگە كىردى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **سۇ لۇپېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى 4 - تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرگەن ناھىيە(رايون)لەرنىڭ تېخنىكىلىق باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۇچا شەھىرى، تېكەس ناھىيەسى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

ساغلام جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، كىشىلەر توپىنىڭ ساغلاملىق ساپاسى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ناھىيە، رايونلاردا نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارماق ھالقىغان ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىق ساپاسى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەربىر كىشىنى ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئۆز ساغلاملىقىنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىسى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

2018 - يىلى ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش تۈر قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە(رايون) قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن بۇيان، كۇچا شەھىرى، تېكەس ناھىيەسى تۈرلۈك تۈر بايلىقلىرىنى ئۈزلۈكسىز بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە شەھەر - يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى داۋالاش - سەھىيە، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇلازىمەت كەسپىنى گۈللەندۈرۈش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسى، نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق ساھەلەرگە سىڭدۈرۈپ، ساغلاملىق سورۇنى قۇرۇلۇشى، ساغلاملىق تەربىيەسى ۋە ساغلاملىق بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭى ۋە ساغلاملىق ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئاكتىپلىقى ئۈنۈملۈك قوزغىتىلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 34 ناھىيە(شەھەر، رايون) ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرگەن ناھىيە(رايون) قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز ناھىيە (شەھەر، رايون) دۆلەت دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى. ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرگەن ناھىيە(رايون)لەر ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن تەربىيەلەشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتىكى كۈچلۈك تۇتقىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش تۈر قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئىلمىيلىشىشىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارغا قارىتا ئۇنىۋېرسال ئارىلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىق ساپاسى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جىڭ ناھىيەسى ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇتتار قۇملۇق مەدەنىيەت - ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، ساياھەت ئۈل ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. قۇملۇقتا سەيلە قىلىپ قايتقاندا، كۈرتۇ چارۋىچىلىق كەنتى نۇرغۇن ساياھەتچى چوقۇم ئۆتىدىغان جايغا ئايلاندى. كەنت ئاھالىلىرى تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلگىرىكى ئېگىز تاغدىكى يايلاقتا چارۋا بېقىش، كىرىمى مۇقىم بولمىغان تۇرمۇشى بىلەن خوشلىشىپ، «ئېكولوگىيە ساياھىتى تامقى»نى يېدى. دېھقانلار قورۇسى ئۆزگىچە پۇقراۋى قونالغۇغا ئايلاندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، مىللىي خاسلىققا ئىگە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ساياھەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەمبىنى كۈندىن - كۈنگە تومپايدى. ھازىرغىچە، كەنتتە پۇقراۋى قونالغۇدىن 28ى، دېھقانلار (چارۋىچىلار) ئارامگاھىدىن بەشى بار بولۇپ، يىلىغا كۈتۈۋالغان ساياھەتچى مىقدارى 30 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، كەنت ئاھالىسى رىسققان جۇنىس ئىشىكى ئالدىدا چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىپ، كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئاشۇردى. 2018 - يىلى، رىسققان تودوگ بازىرىدىن 106 كۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋېلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئازادە، يورۇق بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. رىسققان مۇنداق دېدى: «ھازىر قۇملۇق بىيىشىمىزدىكى ‹ئالتۇن قۇم، كۈمۈش قۇم›غا ئايلاندى».

كەنتتىكى گۈلدەن كەشتىچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەربىيەلەش ئارقىلىق 15 چارۋىچىنى كوپېراتىپ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. «بىز كۆڭۈل قويۇپ كەشتىلىگەن قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ساياھەتچىلەرنىڭ ناھايىتى ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 2021 - يىلى، بىز كۆلەمنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىنى ئىشكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى گېمگۈل رامازەن.

«پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ يەنە يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، بىزنىڭ ئېكولوگىيە ساياھىتىنى ياخشى قىلىش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى» دېدى ۋاڭ يۈڭخۇا.

كەلگۈسىگە نىسبەتەن، رىسققاننىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى: «مەن ياخشى بىر ئورۇننى تاللاپ، يەنە بىر چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىشنى ئويلاۋاتىمەن».